# شى جىنپىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش باشلىقلار يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى دەۋرگە كىردى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، تەقدىرى بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان. يەر شارىۋى تەھدىت ۋە خىرىسلارغا ناھايىتى كۈچلۈك بولغان يەرشارىۋى تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى خىرىس ئالدىدا، بىز جەزمەن ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىز كېرەك: دۇنيا قانداق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا موھتاج؟ كېيىنكى يۇقۇم دەۋرىدە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك؟

شى جىنپىڭ بۇ ھەقتە تۆت نۇقتىلىق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرىنچى، ئادالەتنى ياقلاش. چوڭ - كىچىك دۆلەتلەر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، بىردەك باراۋەر بولۇش دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ باش پىرىنسىپى. ھەرقانداق دۆلەتنىڭ خەلقئارا ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىش، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش، تەرەققىيات ئۈستۈنلۈكىنى مونوپول قىلىۋېلىش ھوقۇقى يوق، دۇنيادا خالىغىنىنى قىلىشقا، مۇشتۇمزورلۇق، زومىگەرلىك، مۇتتەھەملىك قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. يەككە تەرەپچىلىكنىڭ چىقىش يولى يوق، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئومۇميۈزلۈك خەۋپسىزلىكنى ئورتاق قوغداپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، دۇنيانىڭ تەقدىرىنى ئورتاق ئىگىلىشى كېرەك. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرى ۋە سۆز قىلىش ھوقۇقىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىنى تېخىمۇ تەڭپۇڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، قانۇنچىللىقنى قاتتىق ئىجرا قىلىش. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پىرىنسىپى خەلقئارا مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تۈپ مىزانى، شۇنداقلا خەلقئارا تەرتىپ مۇقىملىقىنىڭ مۇھىم ئۇل تېشى، جەزمەن قىلچە تەۋرەنمەي قوغداش كېرەك. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە مەنپەئەتى پەقەت تۈزۈم ۋە قائىدە ئارقىلىق ماسلاشتۇرۇلىدۇ، كىمنىڭ مۇشتۇمى چوڭ بولسا، شۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا بولمايدۇ. چوڭ دۆلەتلەر تېخىمۇ باشلامچىلىق بىلەن خەلقئارا قانۇنچىللىقنىڭ تەشەببۇسچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى بولۇپ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشى، مۇستەسناچىلىق قىلماسلىقى، قوش ئۆلچەم قوللانماسلىقى، شۇنداقلا خەلقئارا قانۇننى بۇرمىلىماسلىقى، قانۇنچىللىق نامىدا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە زىيانكەشلىك قىلماسلىقى، خەلقئارا تىنچلىق، مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقى كېرەك.

ئۈچىنچى، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش. خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇشنىڭ ئەسلى مەقسىتى، شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ مۇھىم ئاساسىي مەقسىتى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تەپەككۇرىغا تايىنىپ، ئىدېئولوگىيە ئارقىلىق سىزىق سىزىپ، نۆل يىغىندىلىق ئويۇن ئوينىسا، ھەم ئۆز دۆلىتىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ، ھەم ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىسقا تېخىمۇ تاقابىل تۇرالمايدۇ. بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز — سۆزلىشىشنى توقۇنۇشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، كېڭىشىشنى تەھدىتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى نۆل يىغىندىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنىڭ بېرىكىش نۇقتىسىنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، ئىناق، ھەمكارلىشىدىغان خەلقئارا چوڭ ئائىلە قۇرۇش.

تۆتىنچى، دىققەتنى ھەرىكەتكە مەركەزلەشتۈرۈش. كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە، ئولتۇرۇۋېلىپ قۇرۇق تەلىمات سۆزلىمەسلىك، بەلكى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىش كېرەك، پەقەت رېتسېپ يېزىپ، داۋالاش ئۈنۈمى كۆرۈلمىسە بولمايدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مەسىلىنى ھەل قىلىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، كۆرگىلى بولىدىغان نەتىجىلەرنى يۆنىلىش قىلىپ، خەۋپسىزلىك، تەرەققىيات، كىشىلىك ھوقۇقنى تەڭپۇڭ ئالغا سىلجىتىشى، بولۇپمۇ «2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇرسەت بىلىپ، ئاممىۋى سەھىيە قاتارلىق غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇشنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى يۆنىلىشى قىلىپ، تەرەققىيات مەسىلىسىنى يەرشارىۋى ماكرو رامكىدا گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىگە بىرىنچى بولۇپ ئىمزا قويغان دۆلەت، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرغۇچى ئەزا دۆلەت، شۇنداقلا خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدىكى بىردىنبىر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. بىز باشتىن - ئاخىر كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچى بولۇپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى قەتئىي قوغدايمىز، خەلقئارا قانۇننى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپنى قەتئىي قوغدايمىز، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى يادرولۇق رولىنى قەتئىي قوغدايمىز.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۇنيا بىر يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرماقتا. بىز كۆپ تەرەپچىللىككە بولغان قەتئىي ۋەدىمىزنى قايتا تەكىتلەپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بايرىقى ئاستىدا تېخىمۇ بۈيۈك ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرايلى!

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەستايىدىللىق بىلەن ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇپ، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىپ، ئەسلى قانۇنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىش نەتىجىسىنى خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشنىڭ پىكىر يولى، تەدبىرىگە ئايلاندۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى شىنخۇا زامانىۋى كىتاب شەھەرچىسىدە، مۇخبىر «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومى قويۇلغان مەخسۇس كىتاب جازىسى ئەتراپىدا نۇرغۇن ئوقۇرمەننىڭ بۇ كىتابنى ۋاراقلاپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى، مەسلىھەت سوراۋاتقانلىقىنى، تاللاپ سېتىۋالغانلىقىنى كۆردى.

ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى فەن ۋېنچېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ناھايىتى كۆپ زاكاز ئېھتىياجىنى تاپشۇرۇۋالدى. شىنخۇا كىتابخانىسى تېزدىن خىزمەت لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى كوللېكتىپ سېتىۋېلىش بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، كىتاب سېتىۋالىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى كۈتۈۋېلىشقا مەخسۇس ئادەم مەسئۇل قىلىپ، ۋاقتىدا تەقسىملەپ تارقىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىش، ئالدىغا ئۆتۈپ مۇلازىمەت قىلىش، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقتىدا سېتىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى ھەم كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە تەشۋىق قىلىپ، تونۇشتۇرۇپ، ‹شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا›نىڭ 3 - تومىنىڭ تارقىتىش قاپلاش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى.» فەن ۋېنچېڭ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى سىستېمىسى 330 مىڭ پارچىغا يېقىن ساتتى.

«‹شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا›نىڭ 3 - تومىنى ئۆگىنىپ نۇرغۇن نەپكە ئېرىشتىم.» ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدىن توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ ئاغارسىن بازىرى ئاقتام كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى سادىقجان ساۋۇت مۇنداق دېدى: «بىز ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلىملىرىمىزنى ئەمەلىي خىزمەتكە تەتبىقلاپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئاتىلىپ تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك».

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى بېسىش - تارقىتىش باشقارمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىدىن جەمئىي 760 مىڭ پارچە ئالدىن زاكاز قىلىندى، 400 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك سېتىلدى، ئاساسلىقى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك شىنخۇا كىتابخانىلىرى ھەمدە شىنجاڭ پوچتا شىركىتى تارقاتتى، ساتتى.

---

ئاپتونوم رايونىنىڭ پۈتۈن رايون ساياھىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنىدا

# ساياھەتچىلىكنىڭ «ئەگىم يولدا ئېشىپ كېتىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **تاڭ كەندۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئاپتونوم رايون باغراش ناھىيەسىدە پۈتۈن رايون ساياھىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، پۈتۈن رايون ساياھىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىش خىزمىتى ۋە ھازىرقى ساياھەت خىزمىتىگە قارىتا قايتا سەپەرۋەرلىك قىلىش، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، قايتا ئالغا سىلجىتىش قىلىپ، تېكەس ناھىيەسى قاتارلىق ئاپتونوم رايوندىكى ئالتە پۈتۈن رايون ساياھىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىغا ۋۇيۇسكا بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئىگىلىنىشىچە، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىككى ناھىيە دۆلەت پۈتۈن رايون ساياھىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بەرپا قىلغان، ئۈچ ناھىيە دۆلەتنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى قوبۇل قىلىۋېتىپتۇ، 13 ناھىيە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۈتۈن رايون ساياھىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بەرپا قىلغان، يەنە 31 ۋىلايەت، ناھىيە ئايرىم - ئايرىم ھالدا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە بەرپا قىلىش ئورنى بولۇپ تاللىنىپ، بەرپا قىلىش خىزمىتىدە پائال ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

يىغىندا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: پۈتۈن رايون ساياھىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدىكى «ئالدىنقى قاتاردىكى بايلىق، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئېچىش»تىن ئىبارەت مۈشكۈل ئەھۋالنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھىتىنىڭ تۆت پەسىلدىكى كاسات - ئاۋاتلىقى تەكشى بولماسلىق، جەنۇب بىلەن شىمالدىكى تەرەققىياتى تەڭپۇڭ بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ «ئەگىم يولدا ئېشىپ كېتىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۈتۈن رايون ساياھىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىشتا، «ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، سىياسەت ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈش» «ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش، يۇغۇرما تەرەققىي قىلىش» «ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇھىتنى ئەلالاشتۇرۇش» «مەھسۇلاتنى موللاشتۇرۇش، سۈپەتلىك ماركا بەرپا قىلىش» «تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، ماركېتنى دەل جايىدا قىلىش» «ئومۇمىي خەلق قاتنىشىش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، خەلقنى بېيىتىش»تىن ئىبارەت ئالتە تەرەپتىن بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار بولۇپمۇ پۈتۈن رايون ساياھىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى بەرپا قىلىش ئورۇنلىرى تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، بەرپا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىشى، ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، تەبەسسۇم ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشى، مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى، باھالاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، بەرپا قىلىش لايىھەسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ دېھقانلار ۋە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر دەل كۈزلۈك ئاشلىقتىن ھوسۇل ئالىدىغان پەسىل، ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىنىڭ ھەممە يېرى مول ھوسۇل مەنزىرىسىگە تولدى. بۇ يىلقى مول ھوسۇل تەستە قولغا كەلدى، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى، چاڭجياڭ دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى، شەرقىي شىمال رايونىدىكى يازلىق تومۇز قۇرغاقچىلىقى، تەيفېڭ بورىنىنىڭ ئۇدا ھۇجۇم قىلىشى ئاشلىق ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا خىرىس ئېلىپ كەلدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ دېھقانلار ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كاپالەتلىك قىلىپ، دېھقانچىلىق ۋاقتىغا دەخلى يەتكۈزمەي ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى زور سىياسەت - فاڭجېن ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ھەقىقىي ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە يېزا ئىگىلىكىگە ئېتىبار بېرىدىغان، يېزىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، دېھقانلارغا كۆيۈنىدىغان قويۇق كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشىنى بارغانسېرى ياخشىلىشى كېرەك. پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ دېھقانلارنىڭ پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىدىغان گۈزەل ئەتىسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسى ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

---

(بېشى 1 - بەتتە)

كېڭىشىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىش ھەمكارلىق سۇپىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، يەرشارىۋى تەرەققىياتنىڭ تۆھپىكارى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى بولدى.

«بۈگۈنكى دۇنيادا، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش. بىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پىرىنسىپىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش يادرو قىلىنغان يېڭى تىپتىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.» 2015 - يىلى 70 - نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ ئادەتتىكى مۇنازىرىسىگە قاتناشقاندا، رەئىس شى جىنپىڭ پۈتۈن دۇنياغا «قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭى ھەمراھلاردىن بولۇپ، بىر نىيەتتە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلايلى» دېگەن جۇڭگو تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئۆتكەن بەش يىلغا قايتىلاپ قارىغىنىمىزدا، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىش خۇددى ھاياتلىق دەرىخىدەك، دەۋر تۇپرىقىدىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يىلتىز تارتىپ ئۆسۈپ، كۈنسېرى بۈك - باراقسانلاشتى.

ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى، خەۋپسىزلىك ۋەزىيىتى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بەش ئۆلچەم ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش يولىنى تولۇق نامايان قىلدى.

— بەش يىلدىن بۇيان، جۇڭگو دۇنيا بىلەن مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ تەڭ ئىلگىرىلەپ، «سۆزلىشىش، قارشىلاشماسلىق، ھەمراھ بولۇش، ئىتتىپاق تۈزمەسلىك»تىن ئىبارەت دۆلەتلەر ئالاقىسى يېڭى يولىنى ئاچتى.

— بەش يىلدىن بۇيان، جۇڭگو دۇنيا بىلەن ئامانلىق ۋە خەۋپ - خەتەرنى ئورتاق زىممىسىگە ئېلىپ، ئومۇميۈزلۈك بىخەتەر دۇنيا قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشتى.

— بەش يىلدىن بۇيان، جۇڭگو دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن «تەرەققىيات»تىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچنى مەھكەم تۇتۇپ، ئادىل، ئوچۇق، ئومۇميۈزلۈك، يېڭىلىق يارىتىدىغان تەرەققىيات يولىنى بەرپا قىلدى.

— بەش يىلدىن بۇيان، جۇڭگو دۇنيا بىلەن گۈزەللىكلەردىن ئورتاقلىشىپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش، يۇغۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بىر پارچە تەسىرلىك يۈگمە رەسىم سىزىپ چىقتى.

— بەش يىلدىن بۇيان، جۇڭگو دۇنيا بىلەن يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قوغداپ، بىر پاكىز، گۈزەل دۇنيا قۇرۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى.

«ھەقىقەت ئاددىي بولىدۇ، ئەمەلىي ئىشلەش ھەممىدىن مۇھىم.» ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ھەرىكەت قىلىشتىكى يۆنىلىش بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ھەرىكەت قىلىشتىكى كۈچتۇر.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدە تارىخ تۈگۈنىدە تۇرغاندا، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 2020 - يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدىكى بىر بۆلەك سۆزى قۇلاق تۈۋىمىزدە قايتا جاراڭلىدى: «تارىخ دولقۇنى ئۈزۈلمەيدۇ، بۇ دولقۇن بىردە تىنچلانسا، بىردە ئۆركەشلەيدۇ. بىز بوران - چاپقۇندىن قورقمايمىز، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلاردىنمۇ قورقمايمىز. جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي تىنچ تەرەققىيات يولىدا ماڭىدۇ، قەتئىي تەۋرەنمەي دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدايدۇ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ».

ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئىدىيە نۇرىنى يورۇتۇپ، بوران - چاپقۇندىن قورقمايمىز، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلاردىن قورقمايمىز. ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبال تەقدىرى مۇھىم تاللاشقا دۇچ كەلگەن ئاچقۇچلۇق پەيتتە، جۇڭگو تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرىدۇ ھەم باشتىن - ئاخىر تۇرىدۇ.

**(مۇخبىرلار: خاۋ ۋېيۋېي، شاڭ جىڭ، ساۋ شياۋفەن، خۇاڭپىن جيازى، چېن شەن، ۋاڭ ياچېن، جىن جىڭ، داڭ چى، ۋاڭ جيەنگاڭ، چېن جۈنشيا)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**